كېرەك. ئۇلارنىڭ كەمچىلىكىنى تۈزىتىشكە قىزغىن ياردەم بېرىشمى لازىم.

**يېڭى سۆز – ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Anlat- | چۈشەندۈر- |
| badminton topu | پەي توپ |
| Zorluk | قىيىنچىلىق |
| Derslik kitap | دەرسلىك |
| Düzelt- | تۈز- |
| İhtiyac | ھاجەت |
| Sev- | ياخشى كۆر- |
| Bu | مۇشۇ |
| Konuş- | پاراڭلاش - |
| Bırak- | قالدۇر- |
| Başarı | ئۇتۇق |
| Böbürlen- | مەغرۇرلان - |
| Kaygılan- | مەيۈسلەن - |
| Genellikle | ئومۇمەن ئېيتقاندا |
| Çalış- | تىرىش - |
| Zamanında | ۋاقتىدا |
| Kural | تەرتىپ – ئىنتىزام |
| Uy - | رىئايە قىل - |
| Özellikle | بولۇپمۇ |
| Bütün | ھەممە |
| Bakımdan | جەھەتتە |
| Yönlendirme | باشلامچىلىق |
| Rol, fonkisyon | رول |
| Sade ve basit | ئاددىي – ساددا |

**گىراماتىكا**

**1-«-ش» لىق ئىسىمداش**

پېئىلنىڭ تۈرلىنىش ئارقىلىق ئىسىم ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ، جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللىرى ئىسىمداش، دەپ ئاتىلىدۇ.

«-ش»لىق ئىسىمداش تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار | ئۇتۇقلار ئالدىدا | مەغرۇرلانماسلىقىمىز<br>مەغرۇرلانماسلىقىڭلار<br>مەغرۇرلانماسلىقى | كېرەك \ لازىم. |
| بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار | قىيىنچىلىق ئالدىدا | مەيۇسلەنمەسلىكىمىز<br>مەيۇسلەنمەسلىكىڭلار<br>مەيۇسلەنمەسلىكى | كېرەك \ لازىم. |

**تېكست**

**ساۋاقداشلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆھبەت**

م: ئەمەت، يېقىندىن بۇيان ساۋاقداشلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

ئە: ئومۇمەن ئېيتقاندا ياخشى، ساۋاقداشلار ئۆگىنىشتە ناھايىتى تىرىشىدۇ. كەسپى دەرسلەرنى ۋە چەتئەل تىلىنى تەكرارلاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى ۋاقتىدا ئىشلەيدۇ. تەرتىپ – ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدۇ.

م: ئۆگىنىشتە كىملەر ياخشى؟

ئە: كەسپى دەرسلەردە ئەسقەر، باھار ۋە خەلچەملەر ياخشى، چەتئەل تىلدا تۇرنىسا، ئەلىشىر ۋە مۇتەللىپلەر ياخشى. بولۇپمۇ ئەلشىر سۆزلەشتە، يېزىشتا ۋە ئوقۇشتا ھەممىدىن ياخشى.

م: ئەلشىر باشقا جەھەتلەردە قانداق؟

ئە: ئۇ دائىم ساۋاقداشلارغا ياردەم بېرىدۇ. ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە دائىم باشلامچىلىق رول ئوينايدۇ. تۇرمۇشتىمۇ ناھايىتى ئاددىي – ساددا. ئىش قىلىپ، ئۇ ھەممە ئىشتا ئاكتىپ، لېكىن ئۇ بىر ئازمۇ مەغرۇرلانمايدۇ. بىز ئۇنىڭدىن ياخشى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

م: ئابدۇللاھ قانداق؟

ئە: ئۇمۇ ياخشى. لېكىن تۇرمۇشتا بىر ئاز چېچىلاڭغۇراق.

م: ئابدۇرېشىتچۇ؟

ئە: باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئانچە قوبۇل قىلمايدۇ.ئۆزىنىڭ پىكردە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. لېكىن ھازىر بۇرۇنقىدىن بىرئاز ياخشى. كېيىن بىز ئۇلارغا تېخىمۇ ياخشى ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

م: سۆزىڭىز ناھايىتى توغرا. بىز كەمچىلىكى بار ساۋاقداشلارنى كەمستمەسلىكىمىز

| | | |
|---|---|---|
| تىل ئۆگىنىشتە كۆپ | سۆزلەش<br>ئاڭلاش<br>ئوقۇش<br>يېزىش<br>تەرجىمە قىلىش | كېرەك \ لازىم. |

III

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | مەن<br>سەن<br>سىز<br>ئۇ | ئۇيغۇرچىنى كۆپ | سۆزلىشىم<br>سۆزلىشىڭ<br>سۆزلىشىڭىز<br>سۆزلىشى | كېرەك \ لازىم. |
| ئا: | بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار | يەنە | كېلىشىمىز<br>كېلىشىڭلار<br>كېلىشى | كېرەك / لازىممۇ؟ |
| ئە: | بىز<br>سىلەر<br>ئۇلار | يەنە | كېلىشىمىز<br>كېلىشىڭلار<br>كېلىشى | كېرەك / لازىم. |

IV

دەرس ۋاقتىدا پاراڭلاشماسلىق كېرەك/ لازىم.

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرماسلىق كېرەك/ لازىم.

V

| | | | |
|---|---|---|---|
| بىز<br>سىلەر | ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىقتىن | قورقماسلىقىمىز<br>قورقماسلىقىڭلار | كېرەك \ لازىم. |